رابغوزى ايشلەتكەن ۋە بۇكۈن غەچە دوام ېتىب كېلماقدا بولغان بۇ فعل لەر تۈرلى معنالەرا ۇچۈن ايشلەتلەدۇر . بۇنىڭغە خاص معنا بيلمندۇرمەك قيىنلىقى معلوم دۇر . شۇل بابغەقا راشلدق بولغان ، بابرنىڭ شعرىدا " قىلغايسەن ،، دېگەن سۆزلەرى " قىلەرسەن ،، معناسينى بېرماقدا دۇر .

" غيرغە نېچچە وفا قىلغايسەن = جانمە نېچچە جفا قىلغايسەن ،
بى خطا ايلگە آتىب غمزەاوقىن = مېنگەيېتكەندا خطا قىلغايسەن ،،

شیبانی نامه‌داکی (اون میڭ ایۆلیک کیشی چقدی " بولغای ،، دیگه‌نداکی -
" بولغای ،، سوزینی " دیسه‌بولور،، معناسندا ایشله‌تکه‌ن .

قسقه‌چه‌خلاصه‌ چیقارغانیمزدا ، کیمنکی وقت فعلله‌رتوپلامینیڭ هه‌ر بری
گه اورون باسارلق قسلغوچی بر فعل دور . دیگه‌نیمزدا : نوائی ، محمدصالح،
بابر ۋه سوگغی شاعرله‌رده‌ن مقیمی ، کامل خوارزمی ، ده‌ک شاعرله‌رنیڭ ایشله
تکه‌ن اورونله‌ریغه‌قاراغاندا " اۆتونج فعلی ،، دیب‌آتاماغیمز توغرو بولغای.

شعری مثالله‌ر: " لیك حضرتغه بو ایردی مقصود -
کیم آنیڭ خاطر بولغای خوشنود .
ایسته‌گه‌ی یار یقینیدا قونوش ،
ایله‌گه‌ی کیچه یمرا قدین کوروُنوش .
یارنیڭ منزلیدین ایس آلغای ،
یارنیڭ کویسگه غوغا سالغای ،،
(شیبانی نامه)

---

بو مهوش له‌رغه‌کوگلوڭ بیرماغیل کیم ایرای‌آلمه‌سله‌ر،
کوڭولنی اسراغیل " بولغای ،، کی بردلدار تاپقایسه‌ن ،،

---

ته‌گری‌آنی هه‌ر بند دین آزاد ایتکه‌ی ،
هه‌ر غم دین آنی خاطرینی شاد ایتکه‌ی ،،
( نوائی )

xxxxxxxxx

## شرط فعلی

= درس = ٢٧ =

xxxxxxxxxxxxx

" ایشلەسەڭ تیشلەرسەن "، " ایزلەسەڭ تاپارسەن "، " قاریاغماسا - توی بولور "، دیگەن خلق سۆزلەرینیڭ " تیشلەمەك ( ییمەك ) ایشلەشکە . تاپماقنىڭ " ایزلەشکە "، " توی نیڭ " قاریاغماسلقتا "، باغلانغانلقی - معلوم بولادور. دیمەك: برمعناداکی ایشکە یەنە برایشنیڭ باغلانغانلقینی بیلدورگەن فعللەر " شرط فعل "، دور.

شرط فعللەر: بویرزوقتا " سا - سە "، قوشۆلماق بیلەن برنچی شکلی یاسالادور. اونیگغە ایشلەگوچی بیلگەلەرنی قوشوش بیلەن قالغان شکللەری یاسالغای .

مثالی :

| یاز | یازما | کیل | کیلمە |
|---|---|---|---|
| ١- یازسا | یازماسا | کیلسە | کیلمەسە |
| ٢- یازسام | یازماسام | کیلسەم | کیلمەسەم |
| ٣- یازساڭ | یازماساڭ | کیلسەڭ | کیلمەسەڭ |
| ٤- یازسالەر | یازماسالەر | کیلسەلەر | کیلمەسەلەر |
| ٥- یازساق | یازماساق | کیلسەك | کیلمەسەك |
| ٦- یازساڭز | یازماساڭز | کیلسەڭز | کیلمەسەڭز |

٥نچی شکلداکی " یازساق ، یازماساق "، دیگەننی بعضی لەر " یازسامز "،

" يازماسامز ، كېلسەمز ، كېلمەسەمز ،، شكلندا ايشلەتسەلەرھەم آزا يشلەگەى . امّا تأريخى ايشلەگەن اورنيغە احتراماً كيمنراق علاحيدا بحث قىلمنور .
٦نچى شكلداكى " يازساڭز ، يازماساڭز ،، دېگەننىڭ اورنيگە "يازساڭلەر - يازماساڭلەر دېپ ھەم ايشلەتورلەر .
شرط فعل ، باشقا برايشنى اۆزيگە باغلاماسدن ، يالغز - اۆزى ايشلەگەندا " اميد - ارمان ،، معناسينى بېرەدور :

" كۆڭلي تيلەگەن مرادغە يېتسە كيشى ! ،
يا بارچا مرادلەرنى ترك اېتسەكيشى ! ،
بۇ ايككى ميسرا ۆلماسا عالم دا ،
باشينى آلىب برسارىغە كېتسەكيشى ،،
(بابر)

xxxxxxxxxxx

قوزغاتمش فعلى

شرط فعللەرىغە " چى ،، قوشولسا " قوزغاتمش فعلى بولور ،،

١ - يازساچى . يازماساچى .
٢ - يازسامچى . يازماسامچى .
٣ - يازساڭچى . يازماساڭچى .
٤ - يازسەلەرچى . يازمەسەلەرچى .
٥ - يازسەڭچى . يازمەسەڭچى .

xxxxxxxxxxxx

ايككنچى اۆيۇم . حاضرغى فعللەر .

========================

= درس = ٢٧ =

ترکستانچه دا حاضرغی فعللەرنیڭ اوُچ شکلی بار :
سۆزنیڭ توُگەشیدا چوزوق ( مدّ ) بولغان بوُیروُقتا " دوُر،، قوشوُپ یازیلوُر. توُگەشدا چوزوق حرف بولماغان حالدا هەم " دوُر،، قوشوُلوُپ فعل نیڭ شکلی یاسالوُر. بونیگەغە ، ایشلەگوُچی بیلگەلەر ( ادات ) نیڭ توُرلەری ( نوع لەری ) قوشوُلوُپ - بوُفعل نیڭ ) بیش شکلی توُزوُلوُر. براق ، بوُ فعل نیڭ ١= ٤= شکل - لەردا " دوُر،، قوشوُمچەسی توُشوُپ قالادوُر.

توُگەشی چوزوقسز بوُیروُق دەن :

| یاز | یازما |
|---|---|
| ١ - یازادوُر (١) | یازمایدوُر. |
| ٢ - یازامەن. | یازمایمەن. |
| ٣ - یازاسەن. | یازمایسەن. |
| ٤ - یازادوُرلەر. | یازمایدوُرلەر. |
| ٥- یازامز. | یازمایمز. |
| ٦- یازاسز. | یازمایسز. |

(١) مین ، ایلگەری بیلمەندوُرغانمەا ویغون لەشترمپ " در - دیر،، ادا تلەرینی ( دوُر ) شکلندا یازدم چوُنکی : بزلەر عرب حرفلەرنی قبول قیلغان سزدەن کیین ترکستان ادبیاتچیلەر قورولتایی ، عربچەداکی حرکاتلەر - اورنغە - و - ا - ی - ایشلەتمەکنی قرار قیلغان ایدیلەر ( م. بوغرا - ترکستان تأریخی ) عرب املاسندا " تُرغُن ، تُرسُن ،، یازغان نیڭ اورنغە " توُرغوُن ، توُرسوُن ،، یازماق قاعدەسینی ایجاد قیلغانلەر.

شۇنیڭ بیلەن ترکستان ادبیّاتی ، سۆزاۆزەكلەرىنی آیریپ ( اعراب ) كۆرسەت کەنلەریدا " دۇر ،، نیڭ اسمنی : " خبرنیڭ اداتی ،، دیپ نام بیرگەنلەر. بۇ حالدا اساسي قاعدەمزنی رعایە قىلماق بیلەن تأريخي ادبیّا تمزغدا ۋیغون لاشماغىمزغە تشبّث قىلدم . ( بعضی لەرنیڭ یازغانىدەك " دُر- دِر- دىر- دو ،، شکللەرىنی قوللانمادم.

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

تۇگەنچی چوزوق بۇیروق دەن نمونەلەر:

| | اوقوز | اوقوما |
|---|---|---|
| ١ – | اوقویدۇر. | اوقومایدۇر. |
| ٢ – | اوقویمەن . | اوقومایمەن . |
| ٣ – | اوقویسەن . | اوقومایسەن . |
| ٤ – | اوقویدۇرلەر. | اوقومایدۇرلەر. |
| ٥ – | اوقویمز. | اوقومایمز. |
| ٦ – | اوقویسز. | اوقومایسز. |

" فغان - کی یار ، وفا اهلیگە ستم قىلا دۇر ،،
( نوائی )

یەڭی بەرگلەرىنی کۆرگەنمدا - کۆزۆم -
یەنە امیدغە آشیان قورا دۇر ،،
( چولپان )

" چون اطاعاتی اولوالامر وجوبمن بیلا دۇر ،،
(کامل خوارزمی )

" عزیزبیك آسانلىق بیلەن جان بیرا دۇرغان کۆرۈنمایدۇر ،،
(جولقون بای )

" کېچه کۈندۈز تىلا دۇرلەر سفىھاغە خذمت ""
(کامل خوارزمی)

بۇ فعل نیڭ (١ - ٤ -) شکللەرىدا " دۇر "" قوشۇمچەسىنیڭ تۈزۈلۈشى ، کۆچە (خلق) تىلىدا : " ى "" حرفىنە آيلانىپ : " يازادى ، يازمايدى ، يازادىلەر ، يازمايدىلەر "" بولۇب ، ادبيّات قبول قىلماغاندۇر .

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

## حاضرغى فعللەرنیڭ ٢ - نچى شکلى .

بۇيرۇقىا " ماقدا دۇر "" قوشۇش بىلەن حاضرغى فعل نیڭ ايككنچى شکلى تۈزۈلۈر . ٣ - ٤ شکلدا بۇيرۇققە " تۇرۇب "" قوشۇلۇر .

| ياز | کېلمە (کېمە - کەممە)(١) |
| --- | --- |
| ١ - يازماقدا . | کېلماقدا . |
| ٢ - يازماقدامەن . | کېلماقدامەن . |
| ٣ - يازىب تۇرۇبسەن . | کېلماى تۇرۇبسەن . |
| ٤ - يازىب تۇرۇبدۇرلەر . | کېلماى تۇرۇبدۇرلەر . |
| ٥ - يازىب تۇرۇبمز . | کېلمەى تۇرۇبمز . |
| ٦ - يازىب تۇرۇبسز . | کېلماى تۇرۇبسز . |

(١) اوزبېك کۆچەسۆزىدا " کېلمە "" نى - کېمە - دېسەلەر ، اويغور کۆچە سۆزى دا - کەممە - دېرلەر . اگر ، کۆچەسوزىنى اعتبار قىلە دۇرغان بولساق ، بۇيرۇق اساسى بولغان " کېلمە "" ورنىغە باشقا اۆزەك تاپماقا مجبور دۇرمز . بوحقدا اوزون مناقشە قىلماق اورنىغە ، کۆچە سۆزىنى اساس قىل غوچىلەر - اۆزتىللەرىگە - اۆزەك تاپقونچە بزە ، اۆزيولىمزدەن قالماى مز . آتا - بابالەرىمزقالدۇرغان ادبى ميراثىمزنى يوقاتمايمز .

## ئۈچۈنچى ئۇيۇم- ئۆتكەن فعل (ماضى)

×××××××××××××××××××××××××××××

## = دەرس = ٢٨

ئۆتكەن فعللەرا ۇيۇمندا ئۈچ خىل فعل بار. (كۆرۈلگەن، ئىشتىلگەن، حكايە فعللەرى)

### كۆرۈلگەن فعل لەر.

بۇ فعل، برايش نىڭ ئۆتكەن زماندا بولغان ياكى بولماغانىنى- بىلىندۇرغاندا- بۇيرۇقتا " دى "قوشۇلماق بىلەن فعل نىڭ برنچى شكلى تۈزۈلگەن بولور. بۇنىڭغە ايشلەش نىڭ تۈرلەرى (نوع لەرى) قوشۇلۇب- يەنە بېش شكل هەم ياسالغاى.

نمونەلەرى:

| كېلمە | كېل | يازما | ياز |
|---|---|---|---|
| كېلمەدى | كېلدى | يازمادى | ١- يازدى |
| كېلمەدىم | كېلدىم | يازمادىم | ٢- يازدىم |
| كېلمەدىڭ | كېلدىڭ | يازمادىڭ | ٣- يازدىڭ |
| كېلمەدىلەر | كېلدىلەر | يازمادىلەر | ٤- يازدىلەر |
| كېلمەدىك | كېلدىك | يازمادق | ٥- يازدق |
| كېلمەدىڭز | كېلدىڭز | يازمادىڭز | ٦- يازدىڭز |

بۇ فعل نىڭ ٦نچى شكلىغە " يازدىڭلەر، يازمادىڭلەر، كېلدىڭلەر، كېلمەدىڭلەر " دېپ هەم ايشلەتىلور.

يەنە ٥نچى شكلداكى " يازدىق "، ورنىغە " يازدەمز، يازمادەمز" دېپ ×
يازىلغان نسخەلەرنى ھەم اۇچرەتەمز. اېسكى تۇرك قاعدەلەرىندا - ديوان
اللغات الترك - " كېچتىمز "، يازغان بولسا، گۆلتېكىن غە آتالغان - اور-
خون - آثارلەرىندا : " سۆزلەدەمز، جۆنەدىمز، يۇكۆندىرتىمز، قوندىرتىمز "
كبى فعللەرنى تاشغە اويوب يازىلغانىنى كۆرەمز.

×××××××××××××××××××

## اېشىتىلگەن فعل

بۇ فعل، برايش نىڭ ايلگەرىدە بولىب - بولماغانىدىن خبربېرەدۇر.
بۇ فعل نىڭ ايككى شكلى ( تۇرى ) بولۇر.
برنچسى : بۇيرۇققە " غان، قان، گەن، كەن " بېلگى لەرىنى آلغان -
بولسە، بولماغان فعللەرنىڭ بېلگىسى بولغان حرفلەرنى قوشماق بىلەن -
يەنە بېش شكلى ھەم ياسالغاى.

| ياز | يازما | كېل | كېلمە |
|---|---|---|---|
| ١- يازغان | يازماغان | كېلگەن | كېلمەگەن. |
| ٢- يازغانمەن | يازماغانمەن | كېلگەنمەن | كېلمەگەنمەن. |
| ٣- يازغانسەن | يازماغانسەن | كېلگەنسەن | كېلمەگەنسەن. |
| ٤- يازغانلەر | يازماغانلەر | كېلگەنلەر | كېلمەگەنلەر |
| ٥- يازغانمز | يازماغانمز | كېلگەنمز | كېلمەگەنمز. |
| ٦- يازغانسز | يازماغانسز | كېلگەنسز | كېلمەگەنسز. |

××××××××××××××××××××

## حكايە فعلى

بۇ فعل ، برايش نيڭ ياقىندەغىنە بولنان بولماغانىدەن خبربېرەدۇر .
بۇيرۇققە " ب دۇر ،، قوشۇب يازلسەبرنچى شكلى ياسالغاى . اۇزنيڭ ايشلە
گۇچى (فاعل) بېلگەلەرى قوشۇلۇش بيلەن يەنەبېش شكلى ياسالناى .

| | ياز | يازما |
| --- | --- | --- |
| ١ـ | يازىبدۇر | يازمابدۇر . |
| ٢ـ | يازىبمەن | يازمابمەن . |
| ٣ـ | يازىبسەن | يازمابسەن . |
| ٤ـ | يازىبدۇرلەر | يازمابدۇرلەر . |
| ٥ـ | يازىبمز | يازمابمز . |
| ٦ـ | يازىب سز | يازمابسز . |

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

## زمان سز فعللەر

درس =٣٩=

بوفعللەرنيڭ اۆزىدەن " زمان ،، آڭلانمايدۇر . بۇنداغ فعللەر اۆزلەرى
دەن كيىن كېلگەن بر فعل غەباغلانىب ايشلەيدۇر . وە كيىن كېلگەن فعل -
نيك زمانىغە باغلانىب قالادۇر . ايشلەگۇچى فعل ( فاعل ) لەرى هەم اۆز -
لەريگە ايمەس ، كيىن كېلگەن فعل غە قوشۇلۇر . بۇلەرا ۇچ خىل بولۇر :
برنچى حالدا ، اوزىدەن كيىن كېلگەن فعل نيڭ سببىنى بيلىندۇرا دۇر .
بويروققا " غالى ، قالى ، كەلى ،، قوشوب ياسالادۇر . " بۇ بالە -
اوقوغالى كېلگەن ، مېن سېنى كۆرگەلى كېلدىم ، او كتاب نى اوقوغالى
آلادۇر ،، بۇنيڭ : ايشتكەلى ، آتقالى ، آچقالى كبى نوع لەرى بولۇر :

رابغوزی یازغان " قصص الانبیا "، دەن باشلاب بوکونکی شاعرلەر مزغەچە -
هەممە سننك اثرلەرسندا بو شکل غە کوپ اوچراماق ممکن دور.

" احوال کوکول آلغالی برمحرم تاپمای ،
ظلمیگنی قرینداش غمیگنی پدر ایتدیم ،،
(مشرب)

" اولوسقە قیلغالی اسرار حکمتیگنی عیان ،
ضلالت اهلی ارا بولدی انبیا پیدا ،،
(امیر)

" یولوگغە آچوق - چشم حیران کبی ،
ساکا بولغالی مهر انور فدا ،،
(کامل خوارزمی)

" فرقت آتیدین یمقلدیم یارکیلدی سورغالی ،
ای شیبانی ، یاردردیگغە دوا قیلدی یەنە ،،
(شیبانی)

---

ایککنچیسی : " وقت فعلی ،، دور . بو فعل ، اوزیدەن کیین کیلگەن فعل
نیك زمانی بیلەن اوزی تورگەن زمان آراسندا هیچ برایش اوتمەگەنینی -
بیلدیرەدور . هەمدە ، کیینکی فعلنی اوزینیك بر نتیجەسی دەك کورسەتە
دور . بونی یاساماق اوچون بویرقە : " غاچ ، قاچ ، گەچ - کەچ ،، قو-
شولەدور . " یازغاچ ، آتقاچ ، کیلگەچ ، ایشتکەچ ، سزچا قرغاچ کیلدیم ،
سینی کورمەگەچ قایتدیم ، ایشکنی آچقاچ (ایچکەرگە) کیردیم ، اوغرسنی
تاپقاچ جزالەرمز ،، کبی .

اوچونچیسی : "حال فعلی ،، دور . بوفعلنی یاساماق اوچون ، بولادورغان -
فعل غە " ب ،، حرفی ، بولماغانیغە " ی ،، حرفی قوشولادور . مثلاً :
" بارب کیلدیم ، اوقوب چیقای ، کورب قایتقانمەن ، سوزلەمەی تور ! .

تېگمەی تۇرغومدۇر، آچىلمەی سولدی ،، دېگەنلەرداكی " باریب، اوقوب، كۆریب، سۆزلەمەی، تېگمەی، آچىلمەی ،، فعللەری كبی .

بۇ فعل نیڭ ـ بولماغان شكللەری اورنىدا باشقا برشكل هەم بار: سۆزلەمەس دەن اورنیگە " سۆزلەمەی ،، تىنمەسدەن اورنیگە " تىنمەی ،، آچىلمەس دەن اورنیگە" آچىلمەی ،، شكلندا بولۇر.

بېشنچىسی : قوشما فعللەردۇر: " یازدىم، باشلەدىم ،، كبی ایككی فعل بر بریگە قوشولوب ایككی سىنىڭ معناسندەن ـ آرالاش " برمعنا ،، بېرگەن بر- فعلبولادۇر. " یازا باشلادىم، كېلەباشلەدی كبی . بزبونیڭغە "قوشما فعل ،، دېب آتایمز. قوشما فعلدا : معنی نیڭ آغىرلىقی برنچی فعلدا كۆرۆنۆش بیلەن ایككنجی فعل نیڭ معنەسی اونیڭغە " قید = باغلانىب ،، قالادۇر.

قوشما فعل یاساماق اۇچۇن برنچی فعل نیڭ تۇگەشندا چوزغی (مدّ) بولسا، "ی ،، چوزوقسىزبولسا "ا ـ ـە ،، قوشولۇر. ایككنچی فعل اۆزحالندا قالۇر. مثلاً : " یازا باشلەدی، اوقوی بېردىم، یىقىلەقال، اۆلەیازدىم ،، كبی.

قوشما فعل نیڭ زمان بیلەن، بولادۇرغان ـ بولمایدۇرغان اۆزگەرشلەرنیڭ هەممەسی ایككنچی فعلدا بولۇر. برنچی فعل اۆزگەرمەسدەن قالادۇر؛ " یازاباشلەدىم ، یازمای باشلەدىم دېگەندا بۇ ـ ایككی ـ فعل نیڭ ایككسی هەم بولادۇرغان فعل دۇر. نیمەگەكی: ایككمسندا هەم ایككنچی فعل، بولادۇرغانلىقنی كۆرسەتماقدا دۇر. " یازا باشلاما دىم، كۆرە قالمەدیڭ ،، دېگەندا ،بۇ ـ ایككی قوشما فعل نیڭ ایككسی هەم بولماسلىقنی كۆرساتماقدا ـ بولغان فعل دۇر. ( ایككمسنی هەم ایككنچی فعللەری بولوشسز فعل دۇر )

قوشما فعلنی یازغاندا برنچی فعل بیلەن ایككنچی فعل آراسیغە ( ـ )چزىغی ـ قویىلۇر. ( یازا ـ باشلادىم ، یازمای ـ باشلادىم ) كبی .

آیرم فعل نیڭ زمان بیلەن ، ایشلەگوچی بیلەن ، بولادوُرغان - بولمایدوُرغان فعللەربیلەن قانداغ اوُزگەرگەنینی کوُردیك . قوشما فعل نیڭ هەمشوُنداغ اوُزگەرشلەری بولادوُر . قسقەچەدیدوُرغان بولسەك ، آیرم فعل نیڭ ٤ اوُیوُمی بولغاندەك - بونیڭ هەم توُرت اوُیوُمی باردوُر .

قوشما فعللەرنیڭ بیلمندوُرگەنلەری معناغەقاراغاندا برنیچچەتوُرلی بولادوُر :

باشلاش فعلی : یازا - باشلا ، یازا - باشلاما ، یازمای - باشلا ، کوُرە - باشلامادم ، توُشە - باشلادیڭ ، بارا - باشلا ، کیلە - باشلاغان .

یاقمنلاش فعلی : اوُلە - یازدلەر ، تمنە - یازمادم ، کمرە - یازدیڭ ، یمقلە - یازغانسەن ، کوُرمای - یازدیڭز .

آشمقماق فعلی : یازا - قال ، یازمای - قال ، أیتە - قالدی ، ایشتە - قالماس ، بارا - قالغوسدوُر ، اوُرا - قالدی ، أیلەنە - قالای ، بیرە - قالدلەر .

دوام فعلی : یازا - بیردی ، سوزلەی - بیرما ، اوقوی - بیرەسەن ، أیتە - بیر ، کیتە - بیریڭ ، اوُرا - بیرگەن ، ساچا - بیردم ، توُکوُلە - بیردلەر ، آلا - بیرما ، ....

بولدوُروُش فعلی : بارا - آلەرمەن ، توُرا - آلمەیسەن ، کوُرا - آلغومدوُر ، کیتە - آلورمز ، کیلەلمەیمز ، بیرەلمەیسەن ، قویالمەیسز .

بولماق ، قلماق ، ایتمەك فعللەری : عربچە توُرکچەصفت ، اسمغەقوشولوُب برفعل بولادوُرلەر . " ممکن بولدی ، یخشی أیتدیڭ ، مین اوُنی کوُلکوُقلدم ، مین سینی دوست توُتدم "، کبی .

خط یازدیم ، شهرباردیم ، اوغری توتدیم ، ایش قیلدی . دیگه نیمزدا بو سوز له‌رنیڭ هیچ بری قوشما فعل بولمایدی . نیمه اوچونکی : بوندا کی اسم بیله‌ن فعل آراسیدا " نی ، گه ، غه ،، قوشوم‌چه‌سی - قوشوب سوزله‌گه‌ن دا معنا له‌ری بوزولماس . مثلاً : خط یازدیم اورنیغه " خط نی یازدیم ،، اوغری توتدیم - اورنیغه " اوغرینی توتدیم ،، ایش قیلدیم ، اورنیغه " ایشنی قیلدیم ،، دیگه ندا معنی له‌ر بوزولمه‌یدور .

یوقاریدا کی قوشما فعلله‌ردا بولسه ، فعل بیله‌ن اسم آراسیندا " نی ، غه - گه ، کیرمش بیله‌ن معنا له‌ری بوزوله‌دور . مثلاً : " ممکن بولدی ،، یازیش اورنیغه - ممکن نی بولدی - یازیلسه ، یاکی : یه‌خشی أیتدیڭ اورنیغه " یخشی نی أیتدیڭ ،، دوست توتدیم ، اورنینه " دوست نی توتدیم ،،دیب بولماس .

برفعل یاکی براسم ، یاردمچی فعل غه قوشولوب هه‌م قوشما فعل بولغانی ی بوندا غ قوشما فعل نی بیلماق اوچون یاردمچی فعل نی بیلماغیمز لازم .

یاردمچی فعل نیڭ اوزه‌کی ، بویروغی " ایر ،، بولوب ایش اسمی " ایرمه‌ك ،، دور . براق ، بوله‌رنیڭ ایککسی هه‌م ایشله‌تلمه‌یدور . بو اوزه‌ك ده‌ن یاساغان فعلله‌ردا ایشله‌تلگه‌نله‌ری توبه‌ندا کیله‌ردور :

١- ایدی ، ایدیم ، ایدیك ، ایدیله‌ر ، ایدیڭز .

٢- ایرور ، ایرورمه‌ن ، ایرورسه‌ڭ ، ایرورله‌ر ، ایرورمز ، ایرورسز .

٣- ایکه‌ن (دور) ، ایکه‌نمه‌ن ، ایکه‌نسه‌ن ، ایکه‌نله‌ر ، ایکه‌نمز ، ایکه‌نسز

٤- ایسه ، ایسه‌م ، ایسه‌ك ، ایسه‌له‌ر ، ایسه‌ڭ ، ایسه‌ڭز .

٥- ایمش ، ایمش مه‌ن ، ایمش سه‌ن ، ایمشله‌ر ، ایمش مز ، ایمش سز .

٦- ایمه‌س ، ایمه‌سمه‌ن ، ایمه‌س سه‌ن ، ایمه‌سله‌ر ، ایمه‌سمز ، ایمه‌س سز .

(يوقاريدا - اۆتكەن نمونەلەر: " ايردى ، ايكەن ، ايرمش ، ايرسە كبى - يازلمش بيلەن يارمچى فعل نيڭ اۆزەكى" اير"" نى كورسەتب تۇرەرا يدى كيەن راق " ر "" حرفى توشوب قالغان . )

اۆتكەن صحيفەدا كۆرسەتلكەن ٦ خمل يارمچى فعللەردەن ببشى نيڭ بولوشسز (صيغە) سينى ياساماق اۆچۆن هەممەدەن بورۆن " ايمەس "" فعلى نى ايشلەب كۆرمەك لازم. اورنەكلەر:

١ - ايمەس ايدى ، ايمەس ايدم .

٢ - ايمەس ايرۆر ، ايرۆرمەن .

٣ - ايمەس ايكەن ، ايمەس ايكەنمەن .

٤ - ايمەس ايمش ، ايمەس ايمشمەن .

٥ - ايمەس ايسە ، ايمەس ايسەم .

## يارمچى فعل نيڭ ايشلەنشى

بۆ كۆمەكچى فعل ، " زمانسز فعل "" اۆيۆمندا كۆرسەتلكەن فعللەرغە قوشولماىدۆر . شۆنىڭدەك " كۆرىلكەن فعل "" غەهەم قوشولماس . " سۆڭفى - زمان فعللەريگەهەم قوشولمايدۆر . قالغان هەممەفعللەرگە قوشولوب ، اولەرداكى " خبر "" معناسىنى " حكايە "" معنى سيگە أيلەندۆرادۆر:

١- مېن كېلمب ايدىم ، او كېلمەي ايدى ، سېن كۆرىب ايديڭ .

٢- مېن كېلمش ايدىم ، اوكېلمەس ايدى .

٣- مېن كېلگەن ايدىم ، او كېلمەگەن ايدى .

٤- سېن يازماقدا ايديڭ ، او لەر يازماقدا ايدىلەر .

٥- مېن يازار ايدىم .

٦- سېن يازاراېديك ، سېن يازماس‌اېديك .

٧- يازسه اېدى ، يازساك اېديك .

٨- اوقوتقاى‌اېدىم ، كۉرمه‌گه‌ى‌اېديك ، اولتورماغاى‌ اېدنگز .

٩- يازاراېدىم ، يازماس‌اېدىم ، اوقوراېدىم .....

يارده‌چى فعلله‌ر صفت‌غه اسم‌غه قوشولوب قوشما فعل ياساىدۇرله‌ر .

" او كۉنى كېلگه‌ن كىشى ، احمد اېدى . بزنيك يۉرت‌اوزاقدا اېدى .

مېن ايچكه‌ن ( مېنىنك‌ايچكه‌نىم ) سۉز اېكه‌ن . او(كىشى ) اوقوتقوچى

اېمىش ،،كبى له‌ر .

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

فعل له‌رنيك باب له‌رغه‌آيرىلماغى

درس = ٣٠ =

============

احمد كتابنى اوقودى . اوقوتقوچى ، اوقوغوچىنى چاقرغان .

چولپان شعرىنى يۉبارماىدۇر . يوقارىداكى " اوقودى ، چاقرغان ، يۉبار-ماىدۇر ،، دېگه‌نله‌رىمز فعل بولوب ، " احمد ، اوقوتقوچى ، چولپان ،، له‌رشۇفعل نيك ايشله‌غوچى له‌رى دۇر .

بز بۇفعلله‌رنيك ايشله‌غوچى له‌رى بيله‌نمنه " احمد اوقودى ،ا وقوت قوچى چاقىرغان ، چولپان يۉبارماىدۇر ،، دىدۇرغان بولساق ، سوزىمزنى - تەڭلاغان كىشى :" نيمه‌نى ، كيمنى ؟ ،، دېب سوراماغى لازمدۇر .

شۇل سواللەرغه جواب بولسون - دېب " كتابنى ، اوقوغوچىنى ، شعرىنى ،، دېگه‌ن بولديك . اونداغ بولسا بۇ فعلله‌ر ، اۉز- ايشله‌غوچى له‌ريده‌ن صادر بولغاچ ، تأثيرله‌رىنيك باشقا بركيمگه‌ياكى برنه‌رسه‌گه توشماغى باردۇر .

اۇ بولسا " كتاب ، اوقۇغۇچى ، شعر،، دەن عبارت دۇر. ايشلەگۆچيدەن ـ
صادربولۇب ، تأثيرى باشقا نەرسەگە ياكى بركمسەگە ۆتكەن فعل غە" ۆتمم
فعلى ،، ديب آتاپ برنچى باب اعتبارقىلەمز. " يامغۇريا غمايدۇر، بۇلۇت
لەركېتكەن ، قۇياش چىقدى ،، ديگەنمزداكى " ياغمايدۇر، كېتكەن ، ـ
چىقدى ،، سۆزىدەن كيىن " نيمەنى ؟ ، كيمنى ؟ ،،ديگەن سورا قىقەحاجت تۇشـ
مايدۇر. ديمەك : بۇفعللەر، اۆزايشلەغۇچى سيدەن صادربولغان تأثيرلە
رى باشقاغە تۇشمەيدۇر. مۇنداغ فعل غە فعل لازم ديب آتايمز(بو٢نچى فعل
بولدى .)
" شريف ، تۇرسۇن بيلەن سۆزلەشدى . تۇرسۇن بيلەن شريف سۆزلەشدى
لەر. ايككى اورتاق سۆزلەشدىلەر.،، ديگەنمزدا ، " سۆزلەشدى ، سوزلە ـ
شدىلەر،، فعللەرى برايشنى ايككى ايشلەگۆچى طرفندەن بر ـ برلەريگە قارا
تىب ايشلەگەنينى بيلمندۇرادۇر. مۇنداغ فعل غە" اورتاقلىق فعل ،،ديپ ـ
آتايمز.( بۇبيلەن اۇچ بولدى )
" اورتاقلىق فعل ،،نى ياساماق اۇچۇن بۇيرۇققە (ش) قوشۇلۇر. مثلا:
يازىشەدۇر، يازىشارمز، كېلىشكەن سز،، كبى . بۇلەرنى بولۇشسزقىلماق ـ
اۇچۇن (ش ) دەن كيىن " ما ـ مە ،، قوشۇلۇب : " يازىشمايدۇر، يازىشارمز،
كېلىشمەگەن سز ،، كبى شكللەنەدۇر.

---

بۇ باب لەرنيڭ هەربرى دەن باشقا بابلەرياساماق ، يوقارىداكى اوچ
باب فعل لەرنيڭ تۆپ بابلەريدۇر. بۇلەرنيڭ هەربريدەن باشقا بابلەرتوزمـ
مەك اۇچۇن آيرىم قاعدەلەربار :
١ـ " اۆتمم فعل ،، لەرينيڭ بولۇشليكلەرىگە " تىر ، دۇر ،، قوشۇب ـ
ايككنچى درجە " اۆتمم ،،فعل ياسالادۇر. بۇنى بولۇشسزقىلماق اۇچۇن

" تىر ،دۇر،، دەن كيىن " ما ــ مە،، قوشۇلادۇر .

" تىر،، قوشۇلغانىغە مثال : آچتىر، آچتىرما ، چىكتىر، چىكتىرما ،، بولۇر .

" دۇر،، " " : يازدىر، يازدىرما ، بيلدۇر، بيلدۇرما ،، "

بو بابنىڭ بعضى فعللەر دا ــ تىر ــ قوشومچەسيدەن نقدا ( ت ) قالىپ ، يەنە باشقا حالدا ( ر ) غىنە قالادۇر . اونىڭ مثالى : اۇچىر، آشىردىلەر، پىشىر ــ گەنلەربولوب ، ( ت ) حرفى قالغانىغە نمونە : يىقىت ، اوقوت ، بىزەت ، ياساتمەديك ، اوقوتما دىم شكلندا بولۇر .

٢ ــ فعل لازم،، دەنيوقاريقى قاعدەغە قاراب " اۆتىم ــ متعدّى ــ فعل ،، ــ ياسالادۇر . براق ، بۇلەر معنا اعتبارى بيلەن برنچى درجە ــ اوتىم فعل بولادۇر . ( چونكى ــ بۇلەر، اۆتىم فعل دەن ايمەس ، فعل لازم دەن تۆزۆلگەن دۇر . )

" تىر ،، قوشولغانلەريگە نمونە : كىلتىر ،كىلتىرمەيدۇر ،كىلتىرگەن .

" دىر ،، " " : سىندىر ،قاندىر ،ميندىريك ،ميندىردىلەر .

" ت ،، " " : ياشاتقانلەر ،اوينا تىڭلەر ،اولتۇزتما دىم ،

" ر ،، " " : تۇشىرسە ، تۇشىرماسا ، چيقارغىل ، باتىرما .

يوقاريداكى لەردەن تاشقارى هەرايككى بابدەن هەم فعللەرياسالغاندۇر .

" كۆرگەز ، كۆرسەت ، تويغوز ، تۇرغۇز ، يېتكىز ، كبى .

بيلەن خىنە

٣ ــ " اورتاقلىق فعل ،، لەرى يالغوز" تىر ،، قوشومچەسى بيلەن غىنە "اۆتىم ،، فعل غە آيلانادور . " كيلىشتىردىم ، كيلىشتىرمەدىم ، بوزىشتىردىلەر ، اورۇشتىرغانلەر ، أيتىشتىرمەديك ، آلىشتىرسە ،آلىشتىرماسا . كبى .

يۇقاريداكى اۆتۇم فعل لەرنى يەنە بردرجە آرتدىرماق اۈچۈن " تىر، ت ،، قوشۇمچەسى قوشۇلادۇر: " تىر- ر ،، بيلەن تۈزۈلگەنيگە " ت ،، قوشۇلغان حالدا: بيلدىرت، سىندىرت، قاندىرت، يازدىرت، بيلدىرتمە، آچىرت ،، جيكتىرتديك، آتتىرتتىلەر، كېلتىرتمەدىلەر ،، پېشىرت، اۈچىرتما، - چىقارتىب، باتىرتقان ايدىم.

" ت ،، بيلەن تۈزۈلگەنيگە " تىر ،، قوشۇلغانى: اوقۇتتىر، ياشاتتىر، - ياساتتىرامز ،، بېزەتتىرمەگەن، كۆرسەتتىرمەگەن ايدىم، تىڭلاتتىرما...

٤- مجهول فعل ،، لەر: سېنكتابنى آچديك - كتاب آچىلدى.

معلم مېنى چاقىرتىردى - مېن چاقىرىلدىم. طلبە درسىنى يازغاندۇر- درس يازىلغاندۇر. دېب اوقوب اۆتكەن لەرىمزداكى: " آچديك، چاقىردى، يازغاندۇر ،، فعل لەرى اۆتىم فعللەرى دۇر. بو فعللەرنيك - ايشلەگۈچيلەرى " سېن، معلّم، طلبە ،، دۇر. شۇل ايشلەگۈچيلەرنى - ايشدەن چىقارامز- دە، اۆزنيك اورنيغە: كتاب، مېن، درس سۆزلەرى نى قويىب، يۇقاريداكى فعللەرنى شۇل لەرگە نسبت بېرىب آيتەمز: " كتاب آچىلدى، مېن چاقىرىلدىم، درس يازىلدى ،،. بۇنداغ بولغاندىن كيين بۇرۇنقى شكلدا " آچديك، چاقىردى، يازغان ،، دېگەن فعل لەرنى برآز اۆزگەرگەنينى يعنى بۇيرۇقلەرىگە ( ل ) قوشۇلغانىنى كۆرەمز. مانا مونداغ فعللەرنى " مجهول ،، فعللەردېلور. مانا بو- يۇقاريداكى اۈچ بابنيك ٤نچىسى دۇر.

اورتاقلىق اۆتىم، قالىم بابلەرينيك - هەممەسينيك بۇيرۇقيغە ( ل ) قوشماق بيلەن " فعل مجهول ،، ياسالۇر. بۇ فعل نيك بولوشسىز قسمى غە (ل) دەن كيين " ما - مە- ،، لەر يازىلماغى يېتەرليكدۇر.

"يا زىلدى ، يا زىلما دى ، اوقولغان ، اوقولما غا ن ،،كبى لەر مجهول دوُر .
اوٓتىم فعللەرى دەن ياسا لغا ن مجهول فعللەرشكلى : يا زدىرىلدى ، اوقوتوُل ماىدوُر ، اوقوتىدرىلسا ، ياسا تتىرىلغا ن ، كيلىشتىرىلسەن ، يىغىشتىرىلغان ، اوروشتىرىلمەيدوُرلەر ، كيلىشتىرىلمەيدوُرلەر .

" اورتا قلىق فعل دەن ياسا لغا ن مجهول فعللەر : يا زىشىلدى ، كيلىشىلگەن ، سوٓزلەشىلگەى ، يىرا قلەشىلگەى ، يا زىلىشما يدوُر ، كيلىشمەگەن ، سوٓزلەشىلمەگەن ، يىرا قلەشىلما غا ن .

" سىلت ،، دەن ياسا لغا ن مجهول فعل لەر : با رىلدى ، چىقىلدى ، يوُرىل - دى ، چا رچا لدى ، يىتىلدى ، با رىلما دى ، چىقىلما دى ، يوُرىل - ما دى ، يىتىلمەگەن .

" بىل ، قال ، كيل ،، دەك ، توُگەنچى (ل) بولغا ن بوُيرۇق - لەردەن مجهول فعلى ياسا لغا ندا (ل ) اورنيغە (ن)بيلەن توُزوُلوُر . ( بيلىندى ، كيلىندى ، كيلىنەدوُر ، سيلەنگەندوُر (مكا فا تلەنگەندوُر) قا لىنا دوُر ، آلىنغا ندوُر) كبى .

٥- "اوٓزليك فعل ،، دەن ياسا لادوُرغا ن مجهول فعل لەرگە كىرىش و نمونەلر: توُگەنچى دا (ل) بولما غا ن بوُيرۇقتا (ن) قوشولوُپ توُزوُلگەن برتوُر لى فعل هەم بار : " كورىنەدوُر ،، اويغا ندى ...كبى فعللەرنى - مجهول فعللەر قا تا ريغە قوشا لما يمز . چوٓنكى بوُلەرنيڭ مجهولله - رى " كورىلەدوُر ، اويغا تىلدى فعللەرى دوُر . (كوٓروُنمەك ،، اويغا ت - ما ق ) بيلەن " كوٓروُلمەك ،، ويغا تىلما ق ،،آرا سىندا كى آيرىما آن چا بوُيوُكدوُر . بوُلەر " اوٓزليك فعل ،، بولوُر . توُبەندا بو اوٓزليك فعل ،، لەرنيڭ مجهوللەرى بيلەن نمونەلەرينى كوٓرسەتەمز .

| اۆزلیکلەر | مجهول لەر |
|---|---|
| کۆرسندی . | کۆرلدی . |
| یۇۋسندی . | یۇۋلدی ـ |
| سپۆسندی . | سپۆلدی . |
| تارتسندی . | تارتلدی . |
| بېزەندی . | بېزەلدی . |
| یاساندی . | یاسالدی . |
| اۆرگەندی . | اۆرگەتلدی . |
| آۋۆندی ...... | آۋۆتلدی . |

اوتکەن صحیفەمزدا ، آخرقی حرفی (ل) بولغان فعل لەرنیڭ مجهولیگە (ن) بیلەن تۇزۇب کۆرسەتکەن ایدیك . بۇ بابدا هەم اوشال قاعدە "مجهول ، اۆز-لیك فعلی ،، قىلىپ ایشلەتیلەدۇر .

---

ایککنچی اۆزەکدەن یاسالغان فعللەر ، بۇیرۇقتا ایمەس اسم ، صفتغە قوشۇمچەلەر ـ قوشوب تۇزۇلگەن فعللەرگە " ایککنچی اۆزەکدەن یاسالغان فعللەر ،، دېگەیمز . مزنداغ فعللەر اسم یاکی صفتغە "لا ـ لە ،، قوشۇپ یاسالۇر:

| | |
|---|---|
| کۆچلەمەك = | مجبورا ایتمەك . |
| اولۇغلاماق = | تعظیم ، حرمت قىلماق . |
| آقلاماق = | گناهسز تاپماق . |
| قارالاماق = | گناهلیك تاپماق . |
| تىشلەمەك = | تیش بیلەن اۇزمەك . |
| قىشلاماق = | قىشلەب قالماق (تۇرماق ) |

تا يا قلاماق = . . تا يا قلاماق (تا يا قبيلەن ا ۋرمەك)

"لاش ، لەش ، لان ، لەن ، ا ر ،، ەر ، اي ، ەي ،، بيلەن ياسالۇن:
( سوللاشماق ، قزىللاشماق ، اوگلەشمەك ، قىزارماق ، كۆكەرمەك ، آقارماق
آتلانماق ، سارغايتماق ، كۆپەيتمەك ، آزايماق ،، كبى . )

اىنچىسى آت آلماشلەرى : " تېمورنى كوردىم ، تېمور مېنگە دفتر بېردى ،،
(٢) اورتاغىمگە باردىم ، اورتاغىمدەن كتاب آلدىم ،،
دېگەنىمزدا " تېمور ، اورتاق ،، لەر ايككى قايتا سۆزلەنگەن .
قاعدەگە قاراغاندا ، بۇزۇق بولماسا هەم آڭلانىشى ساۋۇق آڭلانا دۇر .
بۇلەرنى اويغۇنلەشتىرمەك اۋچۇن ، ايككى قايتا تكرارلەش اورنيغە :
تېمور ، اورتاق سۆزلەرينى " اۋ ،، سۆزى بيلەن آلماشتىرامزدە :
" تېمورنى كوردىم ، اۋ مېنگە دفتر بېردى . اورتاغىمگە باردىم ، اۋن
دەن كتاب آلدىم . دېمەسللىق لەيكەنى معلوم بولادۇر .
بركيشىدگە : "يازديك ،، دېمەكچى بولنا نىمزدا ، اۋنيڭ نامىنى هەم قو-
شۇپ ، (احمد ، يازديك ) دېمەيمزدە "سېن يازديك ،، ديدۇرمز .
كۆپچيليككە قاراب : "سىزلەر يازديڭزلەر ،، ديدۇرمز .
بركيشى اۆزنامىنى " مېن ،، دېمەك بيلەن ، كۆپچيليك بولسالەر : بز-
لەر ،، سۆزىگە آلماشتىرا دۇرلەر . شۇل سبب لەرگە يۆلەنىب تۇرۇب ،
بز موضوعىمزغە "آت آلماشلەرى ،، دېب ، تۆبەندا نمونە كۆرساتامز :

---

| آت آلماشلەرى (برحالىندا) | كۆپليك حالىندا : |
|---|---|
| ١- اۋ . | ٤- اۋلەر . |
| ٢- مېن . | ٥- بز = بزلەر . |

٣- سېن ·    ٦- سىز = سىزلەر ·

---

## كۆرسەتكۈچى آلماشلەر ·

| | |
|---|---|
| بۇ = بۇل · | بۇ لەر · |
| شۇ · | شۇ(ل) لەر · |
| اۇش بۇ · | اۇش بۇلەر (١) |
| مەنە · | مەنەۋلەر = ماناۋلەر · |
| مەنە- بۇ · | مەنە بۇلەر · |
| مەنە- اۇ · | × مەنە اۇلەر · |
| اۇشە = اۇشال · | اۇشە(ل) لەر · |
| أنە (أنە) | أنەۋلەر · |
| أنە اۇ · | أنە اۇلەر · |

---

(١) اېسكى تركستانچە دا " اۇش ،، دېگەن آيرىم سۆزبولوپ معنىسى :خوددى دېگەن بولور · ( اۇش بۇ) دېيلگەندا " خوددى بۇ ،، دېگەن معنى چىقا دۇر تيل قاعدەسيگەاعتبار بېرگۆنچىلەر ، (اۇش بۇ) شكلدا يازا دۇرلەر ·

---

## سوراش آلماشلەرى

نېچون؟ ، نۇچۇك؟ ، نېگە - نيمەگە ؟ ، قاندای ؟ ، قالای ؟ ، قاچان ؟ قايدا ؟ ، قاياق - قای ياق ؟ ، كىم ، نيمە ؟ ، قانچا ؟ ، نېچە ؟ ، بۇلەرنىڭ عددە ، حال ، كيفيّت حقىندا سوراما ققا ايشلەتىلەدور ·

# يېتتىنچى باب

## ياردەمچى سۆزلەر٠

### = د ر س = ٣١ =

سۆزنىڭ يېتتىنچى تۈرى " ياردەمچى سۆزلەر،، دۇر٠

ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بۇرۇنقى ( بېش ) سۆزدەن فرقى - شۇ لەر- دۇر٠:

بۇلەر آت ، (اسم) فعل ، صفت لەرغە قوشۇلادۇرغان قوشۇمچە لەرنىڭ هيچ برىينى - قبول قىلمايدۇر٠ مثلاً : اصلا × غە ، سىر × غە، ابىڭ × غە- ابىڭ× دەن دېيلمايدۇر٠ بۇبابدەن برنېچچە نمونەلەركۆرسەتماغىمز لازمدۇر:

١- كۈچەيتىش كۆمەكچىلەرى : أسرۇ، جۇدە، هيچ ، البتّە، اصلا، سىر، ابىڭ ، بۈتكۈل ، خۇددى ٠

بۇ لەرنى برسۆزنىڭ معناسىنى كۈچلەندۇرمەك اۈچۈن تۈبەنداگىچەيازىلۇر:

" بز سېنى "اصلا ،، كۆرمەدىك ٠ بۇ أسرۇاوزۇندۇر٠ سېن مېنى هيچ كۆر- كۆرمەدىڭ ، او- جۇدە- قسقەدۇر٠ بۇكتاب - سىرە- بيتمەيدۇر٠ اېرتەگە - البتّە - بارامز٠ابىڭ - يەخشى كتاب بېر٠ - چيندەن - كۆپ سۆزلەشدىك٠

٢- اورون كۆمەكچى لەرى : آرا ، ايچرە ، اۇزە، اۇزرە ٠

شەهەرآرا كىردىم ٠ اۆي ايچرەاولتۇردىك ٠ باش اۇزرەقويدىم٠

يەنەايككى معنىنى قاتلاپ كۆمەكچى لىك قىلادۇرغان:( تاغىن ، داخى ستخى ، بىلەن ، ايلە ، لە ، يەنە ، هەمدا ، دە ) قوشۇمچە لەرىنىڭ مثاللەرى:

" مەنە- تاغمن - كېلدى • بۇ داخى - تخى كېلدى • شريف ايلە كريم كېلدى يەنە- يازە سېن هەم يازا ،، • احمد بيلەن شريفنى هەم كۆردم • شريف كېلگەن ايدى • احمد هەم كېلدى •

شرط كۆمەكچى لەرى : " يوقسا ، اگر ، اگرچە ، دېگەنلەرمزهەم كۆمەكچى سوزلەردەن دۇر • آراداكى "اگر - اگرچە ،، سۆزلەرى فارسچە دۇر • بۇ فارسچەنى ايشلەتمەسلىك امكانى بار • مثلاً : " اگرچەسېن كېلمەديڭ - مېن كېلدىم ،، دېگەننيڭ اورنيگە : " سېن كېلمەسەڭ هەم مېن كېلدىم ،، ديىلسە يەنەهەم گۆزەل بولور • ( خاقانيّە تركچە سندا - يوسف حاجب وە محمود الكاشغرى لەر- قوللانغان : " قالى ، آپاڭ ،، لەرنى اۆزلەشتىرلسە فارسى لەرنيڭ - اگر ، اگرچە - لەريدين قوتولغان بولامز- )

ايككنچى مثال : "اگركېلسەڭ ،، دېمەكچى بولغاندا هەم " اگر ،، ايشلەتماس دەن ، ( كېلسەڭ ) ديىلسە كفايە قىلادۇر • چونكى : سۆزنيڭ مىنىسندەن - اگرمعنىسى - آڭلاشىلور •

آ- "بلكم ، يا ، ياكى ، ياخود ، سۆزلەرى آندق سزليكنى بيلسندۇرادۇر •

ب - "كاشكى ، شايد ، دېگەنلەر آرزو كۆمەكچىسىدۇر •

ج - "ابسز ، افسوس ، أتتەڭ - ئە ، هەى أتتەڭ ، دېگەنلەر حسرت ارمان - كۆمەكچى لەرىدۇر •

د - " آينىقسا ، خصوصاً ، عموماً ، ذاتاً ، بعضاً دېگەنلەر حال كۆمەكچىسىدۇر •

ه - " هە ، خوب ، لەر جواب كۆمەكچى لەرىدور •

و- " سايىن ، سايى ،، دېگەنلەر نسبت كۆمەكچى لەرىدۇر • مثلا : ايككى - فعل نيڭ آراسنداكى نسبتنى كۆرسەتكەن دا " اۆ بارغان سايىن بز -

قاچدیك . قۇیاش كۆتەرىلگەن سایىن هوا ایسسیدی كبی .

ز ـ " غىنە ، گىنە ، قىنا ، كىنە ، فقط ،، دېگەنلەر چېكلەنىش كۆمەكچىلەری مثال اۇچۇن : فقط بزكېلدیك . بزغىنە كېلمەی قالدیك كبی .

ح ـ " كىم ـ كی ،، اېضاح كۆمەكچىسىدۇر . مثالی : بیلىندۇرامەنكىم ، اعلان قىلىنادۇركی .....

ط ـ " براق ، لېكىن ،، دېگەن سۆز ، برنەرسەنی چەقارىش كۆمەكچىسىدۇر . مثالی :" هەممەلەری آلدىلەر" براق ،، مېن قالدىم كبی .

ی ـ " اۇچۇن ، چۇنكی ،، دېگەنىمز ، سبب كۆمەكچىسىدۇر .

ك ـ " چا ـ چە ،، دېگەنىمز ، چاماكۆمەكچىسىدۇر . مثالی : یىگىرمەچە ، یۇزچە ، میڭلەرچەدېگەنىمز ، نسبتگەهەم كۆمەكچی بولالغای مثلاً :

" رۇسچە ، ختایچە ، عربچە ، سۆزلەیدۇر . دېگەنىمز نسبت بولۇر .

" مېن كېلگۇنچە تۇر ،، دېگەندا ، زمانغە كۆمەكچی بولۇر .

ل ـ "داۋۇر ،، برایش نیڭ ابتەگینی كۆرسەتمەككە ایشلەتىلۇر . مثالی :یۇز یىلغەداۋۇركۆتەمز . شهرگەداۋۇرباramز . دېگەنلەركۆچەسۆزی بولۇب بعضاً ادبی یازىقاهەم كىرگەندۇر . قوپاللىغی اۆزـ اۆزىدەن معلوم ـ برلساهەم ترك تیلی تركیبندا بولغانلىق حرمتی باردۇر . بۇنیڭ اۇرنی غەادبی میراثلرىمزدا كۆرسەتىلگەن " غەـ چە ،، قوللانماقتولای ۋە گۆزەل دۇر .

م ـ " آه ، اۇوف ، ایخ ،، دېگەنلەرىمز ، سېزگۇ كۆمەكچىلەرىدۇر . بر غىنە" ایخ ،، سۆزی رۇسچە بولغانی اۇچۇن بزلەرغە یاتدۇر . زمانەمز ادیب ، شاعرلەری بۇنی كۆپ ایشلەتمىشلەریداكی سببگەتۇشۇنالمادىم . فقط ، انسانی ذوق اۇچۇن بولسا ، " آه ـ اۇوف ،،لەرىمزشاعرانەلطانت ـ

غه اپگه بولغان حالدا وحشی ، ظالملەر پېشقىرىشىغە ماسلاشقان ، تاماغنی قدرمپ چىقا دۇرغان آتا لمانی ترکستانلیلەرغە مال قىلىپ بېرەمەن دېمەك ، ترکستانلیکلەرنیڭ ذوقیغە مناسب توشماسلیکی معلومدۇر.

## ئىككنچى باب

## بېلگىلەر

### درس = ٣٢ =

سوراق بېلگولەری بولغان " می - مۇ " سوالیغە جواب اوردندا :

" نیڭ " دېگەنمز ، برنەرسەنیڭ کیمگە ۋە نیمەگە قاراشلق لیکینی بیلدرە دۇرگوچی " قاراش بېلگوسی دۇر. مثال اۇچۇن : " اونیڭ باغچەسی ، باغچەنیڭ ایشکی ، شریف نیڭ کتابی ، نوائی نیڭ شعری " کبی .

" قاراش بېلگوسی " براسمغە قوشولوپ کېلگەندەن کیدن ، اونیڭغە برلەشب کېلگەن اسمغە اۇچۇنچی تورلی " آلماش ایزلەری " قوشولۇر.

مثلاً : باغچەسی ، مېنیڭ قلمم ، سېنیڭ قاغازیڭ (کاغذ) اولەرنیڭ شعرلەری ، سزنیڭ ایشکز ، بزنیڭ تورموشمز کبی.

" نیکی " بوهم قاراش بېلگوسی دۇر.( بوشعر لطفی نیکی ) کبی .

" غا - قا - گە - کە - دەن - دىن - دە - دا - بو - نی "

بېلگولەری برفعل نیڭ ایشلەگوچسی دەن باشقا ، کیمگە ، نیمەگە نسبتی - بولغانمنی کۆرسەتەدۇر. مثال اۇچۇن "نی " غە قویولغان مخصوص اسمنی - توشمە بېلگوسی " دیملۇر. " مېن کتابنی یازدم " دېگەندا ، یازماق ایشی نیڭ تأثیری کتابغە توشکەنینی کۆرسەتکەن بولۇر.

" غا - قا - گە - کە - " دېگەنلەرنیڭ اسمی " بارش بېلگوسی "

دیب آتالغاندۇر. مثلاً : مکتبغەباردىم، شەھرگەقاچدىم ، اورتاغىمگەکتاب بېردىم. دېگەنىمزدا ، بوندا قاتناشقان فعل لەردەن : شەھر، مکتب، اورتاق غەقاراتقان برحرکت بارلىغى آڭلاشىلەدۇر.

" دەن - دىن " بېلگۆلەری : " چىقىش بېلگىسى " دیپ آتالۇر.
مثلاً : اۆیدەن کېلدىم ، کتابدەن آڭلادىم . دېگەندەك فعللەردەن آڭلانغان حرکت : " اۆی ، کتاب " دەن باشلانغانی آڭلاشىلۇر.

" دە - دا " بېلگی لەرینی " اورۇن بېلگىسی " آتالۇر.
مثلاً : اۆیدا اولتوردىم ، مکتب دەیازدىم " دېگەندا فعل لەرنیڭ اورنی - بېلگۆلەنگەن بولۇر .

ا یسلەتیش :

" دە - دا " کبی یازىش نیڭ معنیغە فرقی یوقدۇر. فقط غىنە إملاء قاعدەسىنیڭ علاقەسی باردۇر. مثال اۆچون ، قاموس ترکی دېگەن کتاب نیڭ (أ) مادّەسیگە قاراغاندا :- ا - حرفی هەروقت فتحە ا وقۇلۇب ( ə ) اۆنىنی چىقارادۇر.
(ە) علامتی عرب الفبا سىندا " ھ - ە " شکلىندا یازىلادۇرغان برحرف دۇر.
بۇحرف نیڭ چىقارغان اۆنی ، ( ə ) اۆنىنی شدّتلیك قىلىب چىقارماقدا . باشقاچە قىلىب أیتقاندا ،(ھ) نیڭ کۆچىنی ساقلاب تۇرادۇر.
بۇ "ترکستان تیل قاعدەسی " کتابىمزدا ، هەرایککی شکلنی هەم ( ə ) اۆنىنی چىقارادۇر- دیب - قبول قىلدیك . شۇنیڭ اۆچون " دە - دا " یازىلغاندا ( ə ) اۆنی غە اویغۇن [نی] لازم دۇر . عکس حالدا ( da, dəh ) دیب کۆچلەنمەگەی لەر.

یعقوب خوجە
١٢/١١/ ١٤٠٥ ھ ١٩٨٥/٧/٢٩ م